## 41633 ـ زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئاۋۋالقى ئون كۈنىدە(ھېيت كۈنى بىلەن) روزا تۇتۇش ياخشى كۆرۈلەمدۇ؟

**سۇئال**

سىلەرنىڭ تور بېكىتىڭلاردا ئەرەپات كۈنىدە روزا تۇتۇشنىڭ پەزىلىتى ۋە زۇلھەججىنىڭ ئاۋۋالقى ئون كۈنىدە روزا تۇتۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدىكى ماقالىلارنى ئوقۇدۇم. بۇ توغرىمۇ؟ ئەگەر توغرا بولسا، بىز 9 كۈن روزا تۇتامدۇق ياكى 10 كۈنمۇ؟ چۈنكى زۇلھەججىنىڭ 10- كۈنى ھېيت بولىدۇ؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

زۇلھەججە ئېيىدا 9 كۈن روزا تۇتۇش ياخشى.بۇ توغرىدا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كۈنلەر ئىچىدە ئاللاھ تائالاغا زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئاۋۋالقى ئون كۈنىدە قىلىنغان ياخشى ئەمەللەردىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرۈلىدىغان ئەمەل يوق، دېگەندە، ساھابە كىراملار: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشمۇ بۇنىڭغا يەتمەمدۇ؟ دېۋىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشمۇ بۇنىڭغا يەتمەيدۇ، ئەمما بىر كىشى ئۆزىنىڭ جېنى ۋە مېلى بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھادقا چىقىپ قايتمىغان بولسا (يەنى ئۇرۇشتا شېھىت بولۇپ كەتكەن بولسا) بۇ ھەممىدىن ياخشى، دېگەن. [بۇخارى رىۋايىتى 969-ھەدىس].

ھۆنەيدە ئىبنى خالىد ئايالىدىن، ئۇ ئايال پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى ئاياللىرىدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام زۇلھەججە ئېيىدىكى ئاۋۋالقى 9 كۈن، ئاشۇرا كۈنى، ھەر ئايدا ئۈچ كۈن يەنى ئاينىڭ ئاۋۋالقى دۈشەنبە كۈنى ۋە كېيىنكى ئىككى پەيشەنبە كۈنلىرىدە روزا تۇتاتتى، دېيىلگەن. [ئىمام ئەھمەد 21829-ھەدىس. ئەبۇ داۋۇد2437-ھەدىس. ئىمام زەيلەئى نەسبۇررايە ناملىق ئەسىرى 2-توم 180-بەتتە بۇ ھەدىسنى زەئىپ دېگەن. شەيخ ئەلبانى رەھىمەھۇللاھ سەھىھ دېگەن].

ھېيت كۈنى روزا تۇتۇش كەسكىن چەكلىنىدۇ، بۇ توغرىدا ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت كۈنلىرى روزا تۇتۇشنى چەكلىگەن. [بۇخارى 1992-ھەدىس. مۇسلىم ـ رىۋايىتى 827].

ئىسلام ئالىملىرىنىڭ ھەممىسى ھېيت كۈنلىرىدە روزا تۇتۇشنىڭ چەكلەنگەنلىكىدە بىرلىككە كەلگەن.

بۇ ئون كۈن ئىچىدە قىلىنغان ياخشى ئەمەللەر باشقا كۈنلەردە قىلىنغان ياخشى ئەمەللەردىن ئەۋزەل. ئەمما روزا تۇتۇش پەقەت 9- كۈنگىچە بولۇپ، 10-كۈنى ھېيت كۈندۈر، بۇ كۈندە روزا تۇتۇش چەكلىنىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەدىسلەرگە ئاساسەن، زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئاۋۋالقى 10 كۈنىدە روزا تۇتۇش دېمەكتىن 9 كۈن مەقسەت قىلىنىدۇ، 10 كۈن دەپ بايان قىلىش بولسا كۆپ قوللىنىش يولىغا ئاساسەن دېيىلگەن. [نەۋەۋىينىڭ مۇسلىمنىڭ شەرھىسى 1176-ھەدىس].

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.